شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报
2020 - يىل 3 - ئاي
22
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月22日
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25008 - سان بۈگۈن 4 بەت

فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، سېربىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ تۆت دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىگە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرونغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، يېقىندا فرانسىيەدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇش جۇڭگو - فرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقىنى قوللىغانلىقى ۋە ھال سورىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا «مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى
قانات يايدۇرۇشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش› توغرىسىدىكى قايتىما ئىنكاس پىكرى» يەتكۈزۈلدى، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسنى قەرەلدە ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، «مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە ‹قايتا قاراپ چىقىش› توغرىسىدىكى قايتىما ئىنكاس پىكرى»نى يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»ى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە، شۇنداقلا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن مەركەزنىڭ كۆزىتىشتە تۇنجى قېتىم «قايتا قاراپ چىقىش»ى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىش، قەتئىي غەلىبە قىلىشتەك تەنتەنىلىك ۋەدىنى نەقلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تىكى قايتىما ئىنكاس پىكرىنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تولۇق تاپشۇرۇۋېلىپ، تىزىملىك بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىپ، تىزىملىك بويىچە تولۇق تۈزىتىپ، تۈزىتىشنىڭ جايىدا بولۇشىغا، ئەمەلىي ئۈنۈم كۆرۈلۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي
مەكتەپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

تۈرلۈك تەدبىرلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ قاتتىق ھالدا پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايون پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى مەخسۇس تېمىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، نورمال مائارىپ ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ليۇ ۋەنلۇڭ، لى ۋېي، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقى قارارلىق ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىش ئەۋزەللىكىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئالدىنقى قاراردا تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرىدا ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئاساسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق، بىخەتەر، تەرتىپلىك ياخشى ئىشلەش كېرەك.

بىرىنچى، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيەۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كەسكىن سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش دەپ بىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەسئۇل بولۇش، ئائىلە باشلىقلىرىغا مەسئۇل بولۇش، جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، مائارىپ ئوقۇتۇشنى تەشكىللەش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلىدى

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 59 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كىتابلارنى رەتلەپ قويماقتا. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى مەكتەپلەر ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇشقا بولىدىغان دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىر تەرەپ قىلىش دەسلەپكى لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاشقا تەييارلىق قىلماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن مېيخۇا فوتوسى

شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى 4 - دەرىجىگە تەڭشىدى

ئۆز خەۋىرىمىز دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ۋە شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 2020 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سائەت 24تىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش 3 - دەرىجىلىك لايىھەسىدىن 4 - دەرىجىلىك لايىھەسىگە تەڭشەشنى قارار قىلدى.

ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى تەۋەلىك رايونلىرى يىغىنى ئاچتى

سىجىل كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يۇقىرى سۈپەتلىك ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جاۋ جيۈن، ۋاڭ يۈجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايون نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى تەۋەلىك رايونلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

قاراقاش ناھىيەسىدىكى تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى تۇرنىسا مەتروزى:

مەن يۇرتۇمدىكى ئاچا - سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسنى گۈزەللەشتۈرىمەن

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم تۇرنىسا مەتروزى، ئۆيۈم قاراقاش ناھىيەسىدە. 2013 - يىلى، مەن قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن خىزمەت ئىزدىمەي، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا توي قىلدىم.

توي قىلغاندىن كېيىن، مەن كەنتتىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ مەسچىتكە بارماي، ئۆيگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بايقىدىم. «‹كاپىر›لار ياسىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانچە ئەمەس، ‹كاپىر›لارغا قارىتا غازات قىلىش كېرەك»... شۇ چاغدىن باشلاپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى مېنىڭ كاللامدا يىلتىز تارتتى. مەن بارغانسېرى بىكىنىۋېلىپ، ئۆيدىن ئىنتايىن ئاز چىقىدىغان بولۇپ قالدىم، ئۆيدىن چىققاندا باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنى ئۇچراتسام، ئۇلارنى قوغلاپ تىللايدىغان بولدۇم.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ⑥

تۆر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 231 تۈردە ئىش باشلاندى، ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ خوتەن ۋىلايىتىدىكى 47 نۇقتىلىق داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 293 نۇقتىلىق تۈرنىڭ ھەممىسىدە ئىش باشلىنىدۇ... ھاۋانىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرى تېز ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، G0711 لىنىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تيانشان غالىبىيەت تونېلى قۇرۇلۇش نەق مەيدانىدا، چوڭ تىپتىكى ماشىنىلار گۈرۈلدەپ، ئىشچىلار جىددىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتاتتى. بۇ تونېلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تونېلى بولۇپ قالىدۇ.

«2020 - يىللىق قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە ئاساسىي تونېلنى 1760 مېتىرغىچە قېزىش تاماملىنىدۇ، ھازىر شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى نۇرغۇن جايدىن 395 باشقۇرغۇچى خادىم ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلان بىلەن ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلدى، بىزنىڭ يۇقۇم دەخلى قىلغان قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئىشەنچىمىز بار» دېدى جۇڭگو قاتناش شىنجاڭ قاتناش سېلىنما تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ليۇ خۇڭبو.

بۇ بىرقانچە كۈندە، ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنى قۇرۇلۇشىدا ئېقىن ئۆزگەرتىش تونېلىنى توسۇش مەشغۇلاتى قىلىنىۋاتىدۇ. قۇرۇلۇش خادىملىرى ئېقىن ئۆزگەرتىش تونېلىدىن سۇ بىر قەدەر كۆپ ئۆتۈپ كېتىش قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، سۇ ئۆتمەس كىيىم كىيىپ، ئېقىن ئۆزگەرتىش، توسۇش مەشغۇلاتىنى قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، توسما 3 - قارارلىق تاختىسى، ئوتتۇرا سۇ ئۆتكۈچ كەلكۈنى قويۇۋېتىش تونېلى قۇرۇلۇشى خىزمىتىمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **مۇ جېيپىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، چاقىلىق ناھىيەسىگە جايلاشقان گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ لوتوچۈەن 2 - نومۇرلۇق ئالاھىدە چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، بىر كۆۋرۈك لىمى كۆۋرۈك گۈندىسىغا مۇقىم، توغرا قويۇلدى، بۇ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇش تۈرى بولغان گولمۇد - كورلا تۆمۈريولىنىڭ شىنجاڭ بۆلىكىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئالتاي - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، S21 ئالتاي - ئۈرۈمچى قۇملۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى قۇرۇلۇش تۈرىدە ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ كۈنى ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنى بۇ تۈرنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى. «ھازىر خادىملار، ئۈسكۈنىلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇش مەيدانىغا كىرمەكتە، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتى، مەبلەغ يۈرۈشۈشى تېز ئايلاندى» دېدى ئالتاي - ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تۈرىنىڭ قوماندانى لو شياۋگاڭ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)